السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئۇ پەقەت ئۇنىڭدىن بىر پارچە گۆشتۇر

تەلق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا سەھرالىقتەك بىر كىشى كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەۋرىتىنى تۇتىشىغا قانداق قارايلا؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ پەقەت سەندىن بىر پارچە گۆشتۇر» ياكى بەدىنىڭدىن بىر پارچە گۆش» دېدى
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"نامىلىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: بىر كىشى تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەۋرىتىنى تۇتسا قانداق بولىدۇ؟ دېگەندىن: بىر كىشى تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەۋرىتىنى تۇتقان بولسا ئۇ كىشىگە نېمە قىلىش كېرەك بولىدۇ؟. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە:«بىر كىشى نامازدا ئەۋرىتىنى تۇتسا تەرەت ئېلىش كېرەك بولامدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ سەندىن بولغان بىر پارچە» دېدى. ئۇ پەقەت سەندىن بىر پارچە گۆشتۇر» ياكى بەدىنىڭدىن بىر پارچە گۆش» دېگەندىن: ئەۋرەتمۇ بەدەندىكى باشقا ئەزالارغا ئوخشاش بولۇپ، تەرەت ئالغۇچى ئۆزىنىڭ قولى ياكى پۇتى ياكى بۇرنى ياكى بېشىنى سىلىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ تەرىتى سۇنمايدۇ، شۇنىڭدەك ئەۋرىتىنى تۇتسىمۇ تەرىتى بۇزۇلمايدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى بۇ ھەدىس ئەۋرەتنى كىيىمنىڭ سىرتىدىن تۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما باشقا ھەدىسلەرگە كۆرە، ئەۋرىتىنى بىۋاستە قولى بىلەن تۇتقان بولسا ئۇ ۋاقىتتا تەرىتى سۇنىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8396

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee